□ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# پومپېئونىڭ «سىياسىي ئويۇن»ى پەقەت كۈلكىگە قالدى

□ كورلا شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى سۇلايمان ھۇسىيىن

يېقىندا، پومپېئو پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ، بوھتان چاپلاپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئۆزلۈك - كېسەل ئاشكارىلىدى.

مەن چەرچەن ناھىيەسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، مەكتەپتە ئوقۇغاندىن تارتىپ خىزمەتكە قاتناشقۇچە، ئاندىن ھازىرقى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىشقىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەربىيەلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بالام جېجياڭ داشۆسىدە ئوقۇيدۇ، ئانام كەڭرى، ئازادە، يورۇق بىنا ئۆيدە تۇرىدۇ، داۋالىنىش، ياشانغانلار كۈتۈنۈش قاتارلىق ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، مېنىڭ خىزمىتىم ئالدىراش چاغلاردا، مەھەللە خىزمەتچى خادىملىرى دائىم ئۆيگە بېرىپ ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ياردەم بېرىدۇ.

ئىلگىرى، بىز ئادەتتە سىرتقا چىققاندا پىيادە ماڭاتتۇق ياكى ئات ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇراتتۇق، ھازىر بىز سىرتقا چىققاندا ئاممىۋى ئاپتوبۇس، يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز، ئايروپىلانغا ئولتۇرىمىز؛ ئىلگىرى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى، كېسەلنى داۋالىتالمايتتى، باللىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتالمايتتى، ھازىر سالامەتلىك تەكشۈرتۈش، شەھەر - يېزا تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپى تولۇق قاپلىدى؛ ئىلگىرى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز قىيىنچىلىقتا ئۆتەتتى، ھازىر نامرات نوپۇسلىرىمىزنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى؛ ئىلگىرى بىزنىڭ تۇرالغۇ ئۆيىمىز ئاددىي، خەتەرلىك ئىدى، ھازىر بىزنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىمىز يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرالايدۇ، بىخەتەر، رەتلىك - پاكىز، راھەت، ئەسلىھەلىرى تولۇق...

ھازىر، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئۆزلۈكسىز كۈچىيىۋاتىدۇ، شەھەر - يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشى سىجىل چوڭقۇرلاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى! پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر قاتار شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى. پاكىت ئالدىدا، پومپېئونىڭ «سىياسىي ئويۇن»ى پەقەت كۈلكىگە قالدى.

# پومپېئونىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەيلى

□ تۇرپان شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇرات نىجات

پومپېئو جۇڭگو شىنجاڭدىن قۇسۇر تاپتى، ئۇنىڭ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئىناق - ئىتتىپاق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش. بىز چوقۇم ئۇنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۆزلۈكسىز كۈچەيدى. ھەر مىللەت خەلق چىن قەلبىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.

تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى ئايدىڭكۆل بازىرىنىڭ چوڭكۆل كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، چەكسىز شەرەپ ھېس قىلىمەن ۋە ئىپتىخارلىنىمەن. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدا بىرمۇ ئائىلە چۈشۈپ قالمىدى، بىرمۇ ئادەم قېپقالمىدى، داۋالاش، سەھىيە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ قاتارلىق تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى بىرمۇبىر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. چوڭكۆل كەنتىدە 2014 - يىلى نامرات نوپۇسنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 2900 يۈەندىن تۆۋەن ئىدى. 2020 - يىلى، پۈتۈن كەنتتىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇش بىردەك ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە، چوڭكۆل كەنتىگە بارسىڭىز، ئايىغىڭىز ئاستىدىكى تۈپتۈز سېمونت يوللارنى، كوچا بويىدىكى چىرايلىق يول چىراغلىرىنى، خۇش پۇراق گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرنى كۆرىسىز.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. يالغان - ياۋىداق سۆزلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا كاشىلا قىلالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان مەزمۇت قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ!

# يالغان - ياۋىداق سۆز ھەقىقەت نۇرىنى توسۇپ قالالمايدۇ

□ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سوتسىيالىزم شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى ئەخمەت ياقۇپ

پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە تۆھمەت قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتى. مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

مەن شىنجاڭدىكى ئاددىي ئائىلىدە تۇغۇلغان، كىچىكىمدىن تارتىپلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىدەك گۈزەل مەنزىرىنى كۆرگەن، كىچىكىمدىن تارتىپلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم.

مەن ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى پرىنسىپىنىڭ شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلگەنلىكىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتى، ئېتىقاد ئېھتىياجى ھەمدە ئۆرپ - ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىنىدىغانلىقىنى، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىنىدىغانلىقىنى، دىنىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك قوغدالغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم.

ھازىرقى مەسچىتلەرنىڭ سانى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىنى تامامەن قاندۇرالايدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەسچىتلەرنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت شارائىتىنى سىجىل ياخشىلىدى، ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرىپ «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بار بولۇش» (سۇ، توك، يول، گاز، خەۋەرلىشىش، رادىيو - تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت - كىتاب ئۆيىنى مەسچىتكە كىرگۈزۈش، جۈمە مەسچىتىدە تەرەت ئېلىش ئەسلىھەسى بولۇش، سۇلۇق ھاجەتخانا بولۇش)، «توققۇزنى سەپلەش» (تېببىي دورا مۇلازىمىتى، ئېلېكتىرونلۇق ئېكران، كومپيۇتېر، شامالدۇرغۇچ ياكى ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئوت مۇداپىئە ئەسلىھەسى، تەبىئىي گاز، ئىچىدىغان سۇ ئۈسكۈنىسى، ئاياغ قاپلىمىسى ياكى ئاياغ قاپلاش ماشىنىسى، نەرسە ساقلاش ئىشكاپىنى سەپلەش)نى يولغا قويۇپ، كەڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ھازىرقى شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، تىنچ، ئىقتىساد گۈللەندى، تەرەققىي قىلدى، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىنىپ گۈللەندۈرۈلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئىناق، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بار، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال - خۇرام ئىشلەۋاتىدۇ.

يالغان - ياۋىداق سۆز ھەقىقەت نۇرىنى توسۇپ قالالمايدۇ، چۈپرەندە پومپېئو جەزمەن تارىخنىڭ شەرمەندىلەر تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ.

# پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى قۇياش نۇرىدەك يورۇقلۇق ۋە ئۈمىد بېغىشلىدى

□ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غۇلام رازىق

پومپېئو پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە قەستەن قارا چاپلىدى، ئۇنىڭ قەبىھ قىلمىشى مېنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈردى.

مەن كىچىكىمدىنلا ھەر مىللەت كىچىك دوستلار بىلەن بىللە ئوينىدىم، بىللە ئۆگەندىم، بىز چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتۇق. مەن داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بۆلۈم ئەزاسىدىن قەدەممۇقەدەم ئۆسۈپ يېتىلدىم. ئۆزۈمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولۇمغا نەزەر سالسام، ئۆسۈپ يېتىلىشىمدىكى ھەربىر قەدىمىمنىڭ پارتىيەنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە تەربىيەسىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ۋە پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دىققەتنى ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى ئېغىر نامرات كەنتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئاممىۋى پاراۋانلىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا پائال قاتناشتى. مەن 2018 - يىلى 2 - ئايدىن 2021 - يىلى 1 - ئايغىچە بولغان مەزگىلدە ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ ئۆزمە يېزىسى قونىساق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولدۇم. ھازىر قونىساق كەنتىدە «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىق پۈتۈنلەي تۈگىتىلدى.

پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى قۇياش نۇرىدەك ھەر مىللەت ئاممىغا يورۇقلۇق ۋە ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە كۈچ بېغىشلىدى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما چىن قەلبىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. مەيلى پومپېئو قانچىلىك يالغان سۆزلىسۇن، قانچىلىك ئالدامچىلىق قىلسۇن، ھەق - ناھەقنى قانچىلىك ئاستىن - ئۈستۈن قىلسۇن، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا كاشىلا قىلالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان مەزمۇت قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ!

# پومپېئو مۇقەررەركى تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ

□ تۇرپان شەھەرلىك مېيىپلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى ئابلىز ھەسەن

پومپېئو ئېقىمدىكىلەرنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىسىدە پاكىتقا كۆز يۇمۇلغان، تۇتۇرۇقسىز گەپ قىلىنغان.

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلغان، شىنجاڭدا چوڭ بولغان شىنجاڭلىق. داشۆنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، مەن تېخنىك، ياردەمچى ئىنژېنېر، ئىنژېنېرلىقتىن ئالىي ئىنژېنېر بولۇشقىچە، ئاندىن رەھبەرلىك ئىش ئورنىغا چىقىشقىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە تەربىيەلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، مەن چىن قەلبىمدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، مەن ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشۇمنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن.

مېيىپلەر بىرلەشمىسى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانداق قىلىپ مېيىپلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرگەنلىكىگە: مېيىپ باللارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، مېيىپ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئىئانە قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، «مېھرىبان پەرىشتىلەر» ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قاتارلىق تۈرلەرنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويغانلىقى؛ مېيىپلەرگە «ئىككى تۈرلۈك ياردەم تولۇقلىمىسى» بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكى؛ مېيىپلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەشنى يولغا قويۇپ، مېيىپلەرنىڭ يەككە ئىگىلىك تىكلىشى ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىشى ئۈچۈن ياردەم تولۇقلىمىسى بەرگەنلىكى؛ «قۇياش نۇرى يۇرت - ماكان پىلانى» تۈرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مېيىپلەرنى ياتاقلىق تۈزۈمدە ھاۋالىلىك بېقىشنى تاماملىغانلىقى؛ مېيىپلەرگە ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى بەرگەنلىكىگە گۇۋاھ بولدۇم... پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، تۇرپان شەھىرىدىكى ھەر مىللەت مېيىپلەرنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۈنسېرى كۈچەيدى. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

شىنجاڭدىن «قۇسۇر تېپىش»، شىنجاڭغا «قالپاق كىيدۈرۈش» پومپېئو ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئادەتلەنگەن ھىيلە - نەيرىڭى، ئۇنىڭ غالجىرلاشقان، تەلۋىلەشكەن قىلمىش - ئەتمىشلىرى مۇقەررەركى تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ!

# ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان قىلمىش مۇقەررەركى كىشىلەر قەلبىگە ياقمايدۇ

□ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى تاجىگۈل مەمەت

پومپېئو جۇڭگو شىنجاڭغا قەستەن بوھتان چاپلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قارا چاپلىدى. مەن بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

مېنىڭ باللىق چاغلىرىم ئاتۇش شەھىرىدىكى چوڭ بىر قورۇدا ئۆتكەن، بۇ چوڭ قورۇدا مەن ھەر مىللەت كىچىك دوستلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلىپ، خۇشال - خۇرام ياشىدىم. دادام پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، كىچىكىمدىن باشلاپ دادام سۆزلەپ بەرگەن قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپىرى توغرىسىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلايتتىم، بۇ، مېنىڭ كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئاكتىپ كىرىشىمدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇپ قالدى.

مەن مائارىپ ساھەسىدە ئۇزاق يىل خىزمەت قىلىش جەريانىدا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە بارلىققا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ 1953 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ يىللاردا مەكتەپتىكى سىنىپلارنىڭ ھەممىسى بىر قەۋەتلىك بولۇپ، بور ۋە كىتاب ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتۇش قورالى ئىدى؛ تەنتەربىيە مەيدانى توپا مەيدان بولۇپ، باللار تەنتەربىيە دەرسىگە قاتنىشىپ بولغاندىن كېيىن كىيىملىرى توپا بولۇپ كېتەتتى؛ ئۇ چاغلاردا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار قىش كۈنلىرىدىن ئەڭ قورقاتتى، سىنىپتىكى مەشتىن بىرەر كۈنى كاشىلا كۆرۈلسە، باللار توڭلاپ كېتەتتى... ھازىر، بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى ئېگىز بىنالار ئالدى، سىنىپلاردا قىش كۈنلىرى پار بار، كاۋچۇكلۇق تەنتەربىيە مەيدانى، كۈتۈپخانا، تەجرىبىخانا، مۇزىكا سىنىپى ھەمدە يۈرۈشلۈك ئەسلىھەلەر ھەممىسى تولۇق. باللار ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ بايلىقىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاش تەمىناتى بارغانسېرى ئۈستى، كۆپچىلىكنىڭ كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشىلاندى، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، دۆلەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئېتىقادى تېخىمۇ چىڭىدى.

يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ھەقىقەتنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. پومپېئو ھەرقانچە غالجىرلارچە ئويۇن ئوينىسىمۇ، بۇ پەقەت ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاجىز، مادارسىز جان تالىشىشى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان قىلمىشى مۇقەررەركى كىشىلەر قەلبىگە ياقمايدۇ!

(بېشى 1 - بەتتە)

تەكشۈرۈش ۋە مۇزاكىرىگە تولۇق قاتنىشىش ئارقىلىق، كۈرەش نىشانىنى بارغانسېرى ئايدىڭلاشتۇردى، تەرەققىيات ئىشەنچىنى تېخىمۇ چىڭىتتى، كۆپچىلىك نىشانغا ھامان يەتكىلى بولىدىغانلىقىغا، يېقىن كەلگۈسىنىڭ چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى.

## يېڭى مۇساپىدە جەڭ بۇرغىسى كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ

ھەربىر بۆلەك مۇساپىنىڭ ئاخىرلىشىشىنىڭ ھەممىسى يېڭى مۇساپىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەل ئىلگىرى - كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئۆزلۈكسىز كۈرەش بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تارىخىي يولىمىزنى تۇتاشتۇردى.

2021 - يىلى مۇقەررەركى پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا، «14 - بەش يىل» باشلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلاندى.

ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ چىقىلدى، جەڭ بۇرغىسى كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.

ۋەكىل يوۋ لياڭيىڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل بىز ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان شەكىللەر ئارقىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش، بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزۇشنى پىلانلىدۇق.

بۈگۈنكى كۈندە، ۋەكىل يوۋ لياڭيىڭنىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا، نۇرغۇن كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى مېۋىلىك دەرەخلەرنى تەكلىماكان قۇملۇقى بويىغا تىكتى، «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قۇملۇقىدىكى بىر تۈپ دەرەخ» دېگەن بۇ باش تېمىنى چۆرىدەپ، ئۇلار جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئاۋازسىز ئېكولوگىيە قوغدىغۇچىغا ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇشىغا كۈچ قوشتى.

كەلگۈسىگە نىسبەتەن، ئەزا گۇۋەن فاڭفاڭنىڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرى بار: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ باي - باياشات، ساغلام تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى، باللارنىڭ دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن داۋاملىق بەھرىمەن بولۇپ، يارامىلىق ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«بۇ تەسەۋۋۇرلار ناھايىتى تېزلا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.» ئەزا گۇۋەن فاڭفاڭ مۇنداق دېدى: شەخسلەرنىڭ كىچىك ئارزۇسىنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ «چوڭ تاۋاق»ىدا. يېڭى مۇساپىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەر بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىدىغانلا بولسا، چوقۇم دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

## باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلىدۇ

قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەش قەھرىمانلىق خىسلىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەيلى قانداق قىيىنچىلىق ۋە خىرىس بولسۇن، مەيلى قانچە زور بوران - چاپقۇن ۋە ئوڭۇشسىزلىق بولسۇن، ھېچقايسىسى كۈرەش ئىرادىمىزنى سۇندۇرالمايدۇ، جۇڭگولۇقلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرەلمەيدۇ.

ئەزا جياڭ پېڭئەن مۇنداق دېدى: يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرغىنىمىزدا، بىز ئاشىدىغان نۇرغۇن داۋانلار، ئۆتىدىغان نۇرغۇن ئۆتكەللەر بار. شۇڭا بىزنىڭ تېخىمۇ زور جاسارەت ۋە ئەقىل - پاراسەت بىلەن، خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسقا يۈزلىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ يىل «14 - بەش يىل» باشلانغان يىل، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالىمىز، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ قەدەم تاشلاۋاتىمىز، بىز غەيرەتنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، قىممەتلىك باھار نۇرىدا، يېڭى سەھىپە يېزىشىمىز كېرەك.

«بۇ يىل مەن سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتىكى مەسئۇلىيەت، بۇرچۇمنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىش ئارقىلىق، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تىرىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە - تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، «14 - بەش يىل»لىق خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىمەن» دېدى ئەزا جياڭ پېڭئەن.

مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى نەمۇنىچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋەكىل يوۋ لياڭيىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلىش، ئىلگىرى سۈرۈشنى باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ كەلدى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىلا بار، ئاخىرلىشىش نۇقتىسى يوق» دېدى ۋەكىل يوۋ لياڭيىڭ. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، ئۇ دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى، يەنە ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن سۈپەتلىك ماركىنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ، « ئاق كۆڭۈل ئادەم، ئاق كۆڭۈللۈك، ياخشى مېۋە» دېگەن خەتلەرنى سۈپەتلىك ماركا مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى قىلىپ، يوۋ لياڭيىڭ سۈپەتلىك ماركىسىدىكى چىلان قەيەرگىچە سېتىلسا، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسىنىڭ شۇ يەرگىچە تارقىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ۋەكىل يوۋ لياڭيىڭ مۇنداق بىلدۈردى: يېقىن كەلگۈسىدە، ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ھەر مىللەت ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللارنى يېتەكلەپ بىرلىكتە بارغانسېرى باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى پىلانلاۋاتىمەن.

## داۋاملىق كۈرەش قىلغاندا ئۇلۇغ دەۋرگە يۈز كەلگىلى بولىدۇ

يول ئۇزۇن، كۈرەش داۋاملىشىدۇ.

«سوتسىيالىزم ئىشلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن، يېڭى دەۋر كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن» دېدى ئەزا دېڭ خۇڭ.

«بۇ يىل ئاقسۇ ۋىلايىتى جەمئىيەت مۇقىملىقى نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدۇ.» ۋەكىل نىياز ھاشىم مۇنداق دېدى: ھازىر قانات يايدۇرۇۋاتقان پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىز سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمىزنى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزنى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز، بۇرچ تۇيغۇمىز، تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىپ، تەرەققىياتتىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، دەل جايىدا نىشانلىق كۈچەپ، جاسارەت بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىمىز.

ئەزا دېڭ خۇڭ مۇنداق دېدى: «13 - بەش يىل»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «14 - بەش يىل»دا جاسارەت بىلەن يولغا چىقىپ، بىز يېڭى تارىخىي ئۆتكەلدە يەنە بىر قېتىم تۇرۇۋاتىمىز. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، يەنە ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشقىچە، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بىزنىڭ جەزمەن ۋاقىت بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ، تارىخ بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز جەزمەن كۈچ ئۇلاپ كۈرەش قىلىپ، پۇرسەتنى تېزدىن تۇتۇپ، قىممەتلىك ۋاقىتنى قەدىرلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئۇلۇغ دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك.

يولدا توسالغۇ كۆپ ھەم ئۇزۇن بولسىمۇ، ماڭساقلا مەنزىلگە يېتىپ بارالايمىز. ۋەكىل، ئەزالار بىردەك مۇنداق قارىدى: جۇڭگونىڭ تۈنۈگۈنى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلدى، جۇڭگونىڭ بۈگۈنى يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ قولىدا يارىتىلماقتا، جۇڭگونىڭ ئەتىسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!